# قەرزدارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى هەج قىلىشنىڭ هۆكمى.

[ئۇيغۇرچە]

# حكم الحج قبل قضاء الدين

[باللغة الأويغورية]

المفتي: سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى
المفتي: اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەهرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات هەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# قەرزدارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ھەج قىلىشنىڭ ھۆكمى.

11771-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

يولدىشىم تىجارەتتە چوڭ زىيان تارتىپ بانكىغا ۋە تۇغقانلارغا قەرزدار بولۇپ قالدى، بۇنى ئادا قىلىشقا بىرقانچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ، بىزنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ ھەج- ئۆمرە قىلىشىمىز توغرا بولامدۇ؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەجنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ھەج قىلىشقا ئۆز مال- دۇنياسى بىلەن قۇدرىتى يېتىدىغان بولىشى كېرەك. (بۇ يەردە مالىيە جەھەتتىكى ئەھۋالى كۆزدە تۇتىلىدۇ).

قەرزدار كىشىنى قەرز ئىگىلىرى قەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ھەج قىلىشتىن توسىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ھەجگە ئاتلىنىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇ كىشى ھەج قىلىشقا مالىيە جەھەتتىن قادىر بولالمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ ھەجگە بېرىشىنى توسماستىن ئەپۇ قىلغان بولسا ياكى قەرزنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھەج قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ ۋە ھەج ئىبادىتىمۇ توغرا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك قەرزنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى بېكىتىلمىگەن بولسا قاچان پۇل تاپسا قەرزنى شۇ ۋاقىتتا ئادا قىلىدىغان بولسا ئۇ كىشىنىڭ ھەجگە ئالدىرىشى ياخشى، بەلكى ھەج مەۋسۇمى ئۇ كىشىنىڭ قەرزنى تولۇق ئادا قىلىشىدا ياخشى ياردەمچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچى.

پەتىۋا كومىتېتىنىڭ "پەتىۋالار توپلىمى" 11-توم 46-بەتكە، "ئىسلام پەتىۋالىرى" 2-توم 190- بەتكە قارالسۇن